# كېڭىشىش دېموكراتىيەسىنى فۇنكسىيەنى ئادا قىلىشنىڭ پۈتۈن جەريانىغا سىڭدۈرۈش

(بېشى 1 - بەتتە)

ھەم دەۋر ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك دېموكراتىيەسىنىڭ ئىشلارنى كۆپرەك كېڭىشىش، ئىشلارغا يولۇقسا كۆپرەك كېڭىشىش، ئىش قىلىشتا كۆپرەك كېڭىشىش ئالاھىدىلىكى ۋە ئەۋزەللىكىنى تولۇق نامايان قىلدى.» مەركەز سىياسىي كېڭەش خىزمىتى يىغىنى ھەم جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ خەلق سىياسىي كېڭەشنىڭ سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسىي قۇرۇلۇشتىكى مۇھىم ئورنى ۋە رولىنى چوڭقۇر شەرھلەپ، بىزنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا خەلق سىياسىي كېڭەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىمىز، خەلق دېموكراتىيەسىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشىمىزنى ئىدىيەۋى مىزان ۋە ھەرىكەت كۆرسەتمىسى بىلەن تەمىنلىدى.

كېڭىشىش دېموكراتىيەسى پارتىيە خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ دۆلەتنى ئۈنۈملۈك ئىدارە قىلىدىغان، خەلقنىڭ ئۆزىگە - ئۆزى خوجا بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان مۇھىم تۈزۈم لايىھەسى بولۇپ، سايلام دېموكراتىيەسى بىلەن بىر - بىرىنى تولۇقلايدۇ، بىر - بىرىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ، دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە سىياسىيسىنىڭ خاس شەكلى ۋە ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى. خەلق سىياسىي كېڭەش بىرلىك سەپ تەشكىلاتى، كۆپ پارتىيە ھەمكارلىقى ۋە سىياسىي جەھەتتىكى كېڭىشىش ئاپپاراتى، خەلق دېموكراتىيەسىنىڭ مۇھىم ئىشقا ئاشۇرۇلۇش شەكلى بولۇش سۈپىتى بىلەن، سوتسىيالىستىك كېڭىشىش دېموكراتىيەسىنىڭ مۇھىم يولى ۋە مەخسۇس كېڭىشىش ئاپپاراتى، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە تۈزۈم ئورۇنلاشتۇرۇشى. يېڭى دەۋردە خەلق سىياسىي كېڭەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، خەلق سىياسىي كېڭەشنىڭ مەخسۇس كېڭىشىش ئاپپاراتلىق رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، كېڭىشىش دېموكراتىيەسىنى فۇنكسىيەنى ئادا قىلىشنىڭ پۈتۈن جەريانىغا سىڭدۈرۈپ، دېموكراتىيەنى جارى قىلدۇرۇش بىلەن ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىشنى ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇش، چارە - تەدبىر كۆرسىتىش ۋە ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەشتىن ئىبارەت قوش يۆنىلىشلىك كۈچەشتە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مۇھىم تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالىنى چۆرىدەپ، دېموكراتىك نازارەتچىلىكنى پائال قانات يايدۇرۇش كېرەك.

«ھەقىقىي چىن دوست خاتالىقىنى يۈزتۇرا تەنقىد قىلالايدۇ.» پىكىر ئاڭلاش، پىكىرنى ئاڭلاشقا جۈرئەت قىلىش، بولۇپمۇ تەنقىدنى قوبۇل قىلىشقا جۈرئەت قىلىش، خىزمەتلەرنى ياخشىلاش — ئىشەنچ بولۇش، كۈچ بولۇشنىڭ ئىپادىسى. سوتسىيالىستىك كېڭىشىش دېموكراتىيەسىنى راۋاجلاندۇرۇپ، دېموكراتىك مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، «ئىتتىپاقلىشىش - تەنقىد قىلىش - ئىتتىپاقلىشىش» ئېسىل ئەنئەنىسىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، پىكىرگە كەڭ يول ئېچىپ، كۆپچىلىكنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئوخشاش بولمىغان ئىدىيە، كۆزقاراشنىڭ تولۇق ئىپادىلىنىشى ۋە چوڭقۇر پىكىر ئالماشتۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش، باراۋەر كېڭىشىش، باشقىلارغا زورلاپ تاڭماسلىق، قائىدىگە ئەمەل قىلىش، تەرتىپلىك كېڭىشىش، ھەركىم ئۆز گېپىنى قىلىپ تۇرۇۋالماسلىق، چۈشىنىش، كەڭ قورساق بولۇش، سەممىي كېڭىشىش، ئاشۇرۇۋەتمەسلىك، تەرسالىق قىلماسلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، كەڭ - كۇشادە سۆزلىشىدىغان، ھەركىم ئۆز پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويىدىغان، ھەم ئىدراكىي ئۆلچەم بولغان، قانۇنغا ئۇيغۇن، نىزامنامىگە ئاساسلىنىدىغان ياخشى كېڭىشىش كەيپىياتى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. ھەر خىل پىكىر ۋە تەنقىدكە قارىتا، پارتىيەنىڭ ئاساسىي نەزەرىيەسى، ئاساسىي لۇشيەنى، ئاساسىي تەدبىرلىرىدە چىڭ تۇرغانلا بولسا، كۆپچىلىكنىڭ سۆزلىشىگە يول قويۇشىمىز، قۇلاققا ياقمىسىمۇ، ئۆتكۈررەك بولسىمۇ، بىز كەمچىلىك ۋە خاتالىقنى كۆرسىتىپ بەرسە خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىش پوزىتسىيەسىنى قوللىنىپ، بار بولسا تۈزىتىشىمىز، يوق بولسا ساقلىنىشىمىز كېرەك.

تۈزۈم پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك تۈپ خاراكتېرلىك، پۈتۈن ۋەزىيەت خاراكتېرلىك، مۇقىم خاراكتېرلىك، ئۇزاق مۇددەتلىك مەسىلە. پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيى دوكلاتىدا مۇنداق تەكىتلەندى: «كېڭىشىش دېموكراتىيەسىنىڭ كەڭ دائىرىلىك بولۇش، كۆپ قاتلاملىشىش، تۈزۈملىشىشكە قاراپ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك»، بۇ، يېڭى دەۋردىكى سوتسىيالىستىك كېڭىشىش دېموكراتىيەسى قۇرۇلۇشىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك ۋەزىپىسى ۋە ئاساسىي يولى. خەلق سىياسىي كېڭەشنىڭ مەخسۇس كېڭىشىش ئاپپاراتلىق رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇشتا، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ تەلىپى بويىچە، تۈزۈم - مېخانىزمنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. پارتىيە كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش بىلەن بىرلىكتە يىللىق كېڭىشىش پىلانى تۈزۈش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ، كېڭىشىشنىڭ تەدبىر بەلگىلەشتىن ئىلگىرى ۋە تەدبىرنى يولغا قويۇش داۋامىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، سىياسىي كېڭەشنىڭ كېڭىشىشى ئېنىق بەلگىلەنگەن ئىشلارنى جەزمەن كېڭىشىشتىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن تەدبىر بەلگىلەپ يولغا قويۇشقا تاپشۇرۇش، كېڭىشىشكە قاتنىشىش دائىرىسى، مۇزاكىرە قىلىش پرىنسىپى، ئاساسىي تەرتىپى، پىكىر ئالماشتۇرۇش شەكلى قاتارلىقلار ھەققىدە بەلگىلىمە چىقىرىپ، كېڭىشىش دېموكراتىيەسىدە ئاساسلىنىدىغان تۈزۈم بولۇش، رىئايە قىلىدىغان نىزام بولۇش، ئەمەل قىلىدىغان قائىدە بولۇش، رىئايە قىلىدىغان تەرتىپ بولۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

ماركس، ئېنگېلس مۇنداق دېگەن: «دېموكراتىيە دېگەن نېمە؟ ئۇ جەزمەن بەلگىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇشى كېرەك، بولمىسا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. شۇڭا ھەممە مەسىلە دېموكراتىيەنىڭ ھەقىقىي ئەھمىيىتىنى بېكىتىشتە.» دېموكراتىك سىياسىينى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ شەكلى مول، رەڭدار بولۇپ، ئۆلۈك ئەندىزىگە ئېسىلىۋېلىشقا بولمايدۇ. ئەمەلىيەت شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، جۇڭگوچە دېموكراتىيەنى جۇڭگودا يولغا قويۇشقا بولىدۇ، ناھايىتى ئەسقاتىدۇ. يېڭى ۋەزىيەتتە، خەلق سىياسىي كېڭەش تۈزۈمىدە ياخشى چىڭ تۇرۇپ، خەلق سىياسىي كېڭەش ئىشلىرىنى ياخشى راۋاجلاندۇرغاندىلا، خەلق سىياسىي كېڭەش پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرى ۋە خەلق سىياسىي كېڭەش خىزمىتى تەلەپلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، دۆلىتىمىز ئىچى - سىرتىدىكى جۇڭخۇا ئوغۇل - قىزلىرىنىڭ ئەقىل - پاراسىتى ۋە كۈچىنى مۇجەسسەملەشتىن ئىبارەت سىياسىي مەسئۇلىيىتىنى تېخىمۇ ياخشى زىممىگە ئېلىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك دۆلەتنى ئومۇمىيۈزلۈك قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن تۆھپە قوشقىلى بولىدۇ.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 - ئاينىڭ 21 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

(بېشى 1 - بەتتە)

شىنجاڭ شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، 7 - قېتىملىق مەملىكەتلىك شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئىلغار تەجرىبىلەرنى ئۆگىنىپ، ئەمەلىي ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ، ئورتاق پايدا ئېلىشقا تۈرتكە بولۇپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشنىڭ ئۈنۈۋېرسال ئۈنۈمىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، مۇقىملىق، تەرەققىياتتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلەپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەيدۇ.

تاڭ دېڭجيې ئالدى بىلەن فۇجيەن ئۆلكىسىنىڭ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ فۇجيەن خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقى، تەستىقىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش، يېڭى فۇجيەن قۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇش ۋە شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىدە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجە - ئۈنۈملەرنى تونۇشتۇردى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان فۇجيەننىڭ خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن قوللىغانلىقى ۋە فۇجيەننىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش كادىرلىرىغا كۆڭۈل بۆلگەنلىكى، كۆيۈنگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتتى. ئۇ مۇنداق دېدى: يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، قەتئىي تەۋرەنمەي پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تۈرلۈك تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ شىنجاڭدا ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىشىغا تۈرتكە بولدى، تەيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا ئىتتىپاق - ئىناق، ئاۋات - باي، مەدەنىي بولغان، تەرەققىي قىلغان، خاتىرجەم ياشايدىغان ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى مۇھىم تەدبىر، فۇجيەن ئۆلكىلىك پارتكوم ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت يۈكسەك سىياسىي ئاڭلىقلىق ۋە مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىش ئارقىلىق، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلىدى. بىز شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، 7 - قېتىملىق مەملىكەتلىك شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىنجاڭغا ئومۇمىيۈزلۈك نىشانلىق ياردەم بېرىش، شىنجاڭغا دەل جايىدا نىشانلىق ياردەم بېرىش، شىنجاڭغا ئۇزاققىچە نىشانلىق ياردەم بېرىشتە چىڭ تۇرۇپ، سىجىل ھالدا كادىرلار، ئىختىساسلىقلار ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش، كەسىپلەر ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش ۋە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى كېڭەيتىش، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئالاقىلىشىشى، ئالماشتۇرۇشى، يۇغۇرۇلۇشى قاتارلىق تەرەپلەردە كۈچەشكە دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈپ، خاس ئارتۇقچىلىقنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۈنۈۋېرسال ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنىڭ يېڭى سەۋىيەگە كۆتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولىمىز.

شىنجاڭدىكى مەزگىلدە، فۇجيەن ئۆلكىسى ۋەكىللەر ئۆمىكى ئۈرۈمچى شەھىرىگە ۋە سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ سانجى شەھىرى، قۇتۇبى ناھىيەسى قاتارلىق جايلىرىغا بېرىپ، شەھەر - بازار، يېزا - كەنت، كەسىپلەر باغچە رايونى، مەدەنىيەت مەيدان - سارىيى، مەكتەپ، دوختۇرخانا قاتارلىقلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش تۈرلىرىنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالىنى نەق مەيداندا كۆزدىن كەچۈردى، كەسىپلەر ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش كېلىشىم ئىمزالاش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئاچتى ھەم شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان كادىرلار، ئىختىساسلىقلارنى يوقلىدى.

فۇجيەن ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن ئۆلكە باشلىقى جېڭ جيەنمىن يۇقىرىدىكى پائالىيەتلەرگە قاتناشتى.

# خەلق سىياسىي كېڭەشنىڭ شەرەپلىك بۇرچى ۋە مۇھىم، زور مەسئۇلىيىتىنى ھەقىقىي زىممىمىزگە ئالىمىز

(بېشى 1 - بەتتە)

يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەكلىپ بېجىرىش خىزمىتىنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەر بىلەن بولغان ئالاقىلىشىش، پىكىر ئالماشتۇرۇشنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن كۈچەيتىپ، تەكلىپ بېجىرىش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، سىياسىي كېڭەش تەكلىپ خىزمىتىنى خەلق تۇرمۇشىغا تېخىمۇ يېقىن، ئەلرايىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان، ئەلنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى توپلايدىغان، ئەلرايىنى مۇجەسسەملەيدىغان قىلىش كېرەك.

ئاقسۇ شەھەرلىك سىياسىي كېڭەش پارتگورۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى ئايشەم ئابدۇراخمان مۇنداق دېدى: «ئاساسىي قاتلام سىياسىي كېڭەش تەشكىلاتى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، بىز يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ساھەلەردىكى ئاممىنىڭ ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئاممىنىڭ پىكىر ۋە تەكلىپلىرىنى ۋاقتىدا ئەكس ئەتتۈرۈپ، ھەرقايسى تەرەپنىڭ ئەقىل - پاراسىتى ۋە كۈچىنى مۇجەسسەملەپ، خەلق سىياسىي كېڭەش خىزمىتىنىڭ سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرىمىز».

### ■ ھەرقايسى تەرەپنىڭ ئەقىل - پاراسىتى، كۈچىنى مۇجەسسەملەيمىز

قەشقەر شەھەرلىك سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك ساياھەت جەمئىيىتىنىڭ جەمئىيەت باشلىقى جۈرئەت قۇربان مۇنداق دېدى: «بۇنىڭدىن كېيىن سىياسىي كېڭەش ئەزاسىلىق رولۇمنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئورتاق تونۇشنى كەڭ دائىرىدە مۇجەسسەملەپ، تىرىشىپ ئەڭ چوڭ ئورتاقلىق ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ئەڭ چوڭ مەركەزداش چەمبىرىنى سىزىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ قۇدرەتلىك كۈچىنى مۇجەسسەملەيمەن».

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك داشۆسى ئىقتىساد - جەمئىيەت تەرەققىيات تەتقىقات مەركىزىنىڭ مۇدىرى بۇھەجەر ئابلا مۇنداق دېدى: سىياسىي كېڭەش ئەزاسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن ئۆزۈمنىڭ كەسىپ ۋە ساھەدىكى تەسىر كۈچۈمدىن پايدىلىنىپ، ھەرقايسى ساھەدىكى ئامما بىلەن كەڭ دائىرىدە ئالاقىلىشىپ ۋە ئۇلارنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشنىڭ ئاكتىپ كۈچىنى كەڭ دائىرىدە مۇجەسسەملەپ، ھەرقايسى تەرەپنىڭ ئەقىل - پاراسىتى ۋە كۈچىنى مۇجەسسەملەپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، ئومۇمىيۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشىمەن.

### ■ يېڭى دەۋر سىياسىي كېڭەش ئەزاسىنىڭ خىسلىتىنى نامايان قىلىمىز

قومۇل شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى مەممەت ئىبرايىم مۇنداق دېدى: «بۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەزىپە ئادا قىلىش خىزمىتىدە، مەن تەرەققىيات تەڭپۇڭ بولماسلىق، يېتەرلىك بولماسلىق مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈشنى خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىپ، چوڭ ۋەزىيەتنى زىچ چۆرىدەپ، مۇھىم نۇقتىلارنى تۇتۇش، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاش، ئاجىز تۈرلەرنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەت مۇھىم مەسىلىلەرنى نىشانلاپ، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىشنى مەركەزلەشتۈرۈپ چوڭقۇر كېڭىشىپ، نازارەتچىلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولىمەن».

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى يۈ جۈلىن مۇنداق بىلدۈردى: خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئېھتىياجىنى ئۈزلۈكسىز قاندۇرۇش، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشنى ئىلگىرى سۈرۈشنى مۇھىم كۈچەش نۇقتىسى قىلىپ، ئاممىنىڭ ساداسىغا قۇلاق سېلىپ، ئاممىنىڭ ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، خەلق تۇرمۇشى ساھەسىدىكى ئەمەلىي مەسىلىلەرنى تۇتۇپ خىزمەتنى ياخشى ئىشلەپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتكە ھەمكارلىشىپ خەلقنىڭ بەخت - سائادىتىنى ئاشۇرۇپ، ئەمۇنىلىك ھەرىكىتىم ئارقىلىق يېڭى دەۋر سىياسىي كېڭەش ئەزاسىنىڭ خىسلىتىنى نامايان قىلىمەن.

**(مۇخبىرلىرىمىز جاۋ جيېۋن، لى ياڭ، چېن چېن، رايىدە يازغان)**

(بېشى 1 - بەتتە)

يۇقىرى - تۆۋەن ھەمتۈرتكە بولۇش»تەك دەرىجىگە ئايرىپ دىياگنوز قويۇش - داۋالاش ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرۈشكە تۈرتكە بولۇندى. بۇ يىل 2 - ئايدا، يەنجى ناھىيەسى ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە ناھىيە رايوندىكى داۋالاش مۇلازىمىتى ئورتاق گەۋدىسى قۇرۇلۇشىنى نۇقتىدا سىناق قىلىدىغان ناھىيە قىلىپ بېكىتىلدى.

بۈگۈنكى كۈندە، يەنجىدىكى ئاممىغا كېسەل كۆرسەتسە ھەم داۋالىنىش سۇغۇرتىسىدىن ئاتچوت قىلىشتىن بەھرىمەن بولالايدۇ، ھەم مۇتەخەسسىسلەر كېسەل كۆرۈش، يىراقتىن دىياگنوز قويۇش ئارقىلىق ناھىيە دەرىجىلىك دوختۇرخانا تەمىنلىگەن دىياگنوز قويۇپ داۋالاش مۇلازىمىتىدىن بەھرىمەن بولالايدۇ. يېقىنقى ئۈچ يىلدا، بۇ ناھىيەلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ تارماق دوختۇرخانىلىرى يېزا - بازارلىق تارماق دوختۇرخانىلار بىلەن بىرلىكتە 2365 كىشىگە يىراقتىن دىياگنوز قويدى؛ بۆلتۈر يېزا - بازار شىپاخانىلىرىدىكى ئامبۇلاتورىيەدە كېسەل كۆرسەتكەنلەر قېتىم سانى ئىسلاھاتتىن ئىلگىرىكىگە قارىغاندا 51% كۆپەيدى، كېسەلخانىدا ياتقان ئاغرىقلار 23% كۆپەيدى.

ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتى سىياسەت، قانۇن - نىزام ۋە تۈزۈلمە ئىسلاھاتى باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى لى لىنيۇ تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: ناھىيە رايوندىكى زىچ داۋالاش ئورتاق گەۋدىسى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىش ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بۇ يىللىق داۋالاش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتىكى مۇھىم ۋەزىپىلەرنىڭ بىرى، ئاپتونوم رايونىمىز كۆكتوقاي ناھىيەسى ۋە يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيەسىنى سىناق نۇقتىسى قىلىپ، كادىرلار ئىشلىرى، ئىش ھەققى قاتارلىق تۈزۈلمە - مېخانىزملارنى تەڭشەش ئارقىلىق ناھىيە، يېزا، كەنتلەرگە تارقالغان داۋالاش ئاپپاراتلىرىنىڭ داۋالاش بايلىقىنى بىرىكتۈردى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش، ئانا - باللار ساقلىقىنى ساقلاش قاتارلىق ئاممىۋى ساغلاملىق فۇنكسىيەلىرىنى داۋالاش ئورتاق گەۋدىسىگە كىرگۈزۈپ، پۇقرالارنى ئىشىك ئالدىدىلا بىر دەرىجە يۇقىرى داۋالاش ئاپپاراتلىرىنىڭ ئەلا مۇلازىمىتىدىن بەھرىمەن قىلدى.

بۇ يىل، ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتى دۆلەت دەرىجىلىك نامرات ناھىيەلەرنىڭ زىچ داۋالاش ئورتاق گەۋدىسى قۇرۇلۇشىنى نۇقتىلىق ئالغا سىلجىتتى. نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايون بويىچە ئۈچ دەرىجىلىك داۋالاش ئاپپاراتلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك دوختۇرخانىلار «ۋاكالىتەن باشقۇرۇش شەكلى»دىكى ياردەم بېرىش، يۆلەش ۋە «ئۆمەك تەشكىللەش شەكلى»دىكى شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش ئەندىزىسى ئارقىلىق باشقۇرۇش كوللېكتىپىنى ئاساسىي قاتلامدا ئىككى يىل مۇلازىمەت قىلدۇرۇپ، مۇتەخەسسىسلەر كوللېكتىپىنى بىر يىل مۇلازىمەت قىلدۇرۇپ، ناھىيە رايوننىڭ داۋالاش - سەھىيە مۇلازىمەت ئىقتىدارى، دىياگنوز قويۇپ داۋالاش ئىقتىدارى ۋە باشقۇرۇش سەۋىيەسىنى ھەقىقىي ئۆستۈردى.

ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتىنىڭ «زىچ ناھىيە رايوندىكى داۋالاش - سەھىيە ئورتاق گەۋدىسى قۇرۇلۇشىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش»قا ئاساسەن، بۇ يىلنىڭ يىل ئاخىرىغا بارغاندا، ناھىيە رايوندىكى داۋالاش ئورتاق گەۋدىسى ئىچىدە تەكشۈرۈش - ئانالىز قىلىش نەتىجىسىنى ئۆزئارا ئېتىراپ قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ. 2020 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا، ناھىيە رايونىدا كېسەل كۆرسىتىش نىسبىتىنى 90%كە يەتكۈزۈش، ناھىيە رايوندىكى ئاساسىي قاتلامدا كېسەل كۆرسىتىش نىسبىتىنى 65% ئەتراپىغا يەتكۈزۈش قولغا كەلتۈرۈلىدۇ.